# 5526 ـ قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش، تولۇق ياد ئوقۇش مۇسابىقىلىرى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار توغرىسىدا

## سۇئال

پەرزەنتلەرنىڭ قۇرئان كەرىمگە بولغان رىغبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش، تولۇق ياد ئوقۇش مۇسابىقىلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە مۇكاپات تارقىتىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن

## تەپسىلى جاۋاپ

پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن قۇرئان كەرىمنى ياد قىلىشقا قىزىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان بۇ شەكىلدىكى مۇسابىقە، پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ناھايىتى ياخشى بىر ئىش، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ماددى مۇكاپاتلارنى بەرسە بولىدۇ، بۇ مۇسابىقىنى ئورۇنلاشتۇرغانلار ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كاتتا ئەجىر ـ ساۋاپلار بېرىلىدۇ، چۈنكى بۇ ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىقتا ياردەملىشىشتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ تەرجىمىسى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار» [سۈرە مائىدە 2-ئايەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.